# ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئېلان قىلىپ يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قانۇن بويىچە خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىگە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ 5000 يىلدىن كۆپرەك مۇنەۋۋەر قانۇن مەدەنىيىتى قوبۇل قىلىنغان، ئىنسانىيەت قانۇن ئىدارە قىلىش مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ پايدىلىق نەتىجىلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئارزۇسىغا ئۇيغۇن بولغان، دەۋر تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلاشقان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى، ھاياتىي ساغلاملىق، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى، سودىلىشىش قولايلىقلىقى، بەختلىك تۇرمۇش، كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمەت قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ھوقۇق - مەنپەئەت باراۋەرلىكىنى قوغدايدىغان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى، روشەن جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، ئەمەلىيەت ئالاھىدىلىكىگە، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات - تەربىيىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكىنى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىساد تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكىنى، پارتىيىمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىم تۈزۈم ۋاستىسى بولۇپ، نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر ئالاقىدار دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك، پۇقرالار ۋە قانۇنىي ئىگىلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى، مەجبۇرىيىتى، مۇناسىۋىتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇش سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈمى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئاساسىي مەقسىتىنى ئادا قىلىشنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەق تەلەپ ئىشلىرىغا دائىر قانۇن چىقىرىشتا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ھەق تەلەپ ئىشلىرى قانۇن ئىدارە قىلىش قۇرۇلۇشىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى بىر قېتىملىق ئەجىر بىلەنلا مەڭگۈلۈك ھەل قىلغاندلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، يەنىلا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەكشۈرۈش، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ، يەنە ئۈزلۈكسىز يۈرۈشلەشتۈرۈشكە، تولۇقلاشقا، ئىنچىكىلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلە يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش، قانۇن يۈرگۈزۈش پائالىيىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى مەمۇرىي تەدبىر بەلگىلەش، مەمۇرىي باشقۇرۇش، مەمۇرىي نازارەت قىلىشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك قانۇن يۈرگۈزۈش ئورگانلىرى قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەق تەلەپ ئىشلىرى دېلولىرىنى سوت قىلىش سەۋىيەسى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئادۋوكاتلىق ئىشلىرى ئورنى ۋە ئادۋوكات قاتارلىق قانۇن كەسپىي ئاپپاراتلىرى، كەسپىي خادىملارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلق مۇرەسسەسى، سودا ئىشلىرى كېسىمى قاتارلىق كۆپ مەنبەلىك ماجىرالارنى ھەل قىلىش مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى كۆپ تەرەپتىن ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى بويىچە قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ تۇتۇش كېرەك. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى خەلق مائارىپى سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، ياش - ئۆسمۈرلەرگە بولغان ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى تەربىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. دىققەتنى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئومۇمىي پىرىنسىپ قىسمى ۋە ھەرقايسى بۆلەك قىسىملىرىدىكى ياخشى ئىگىلەشكە تېگىشلىك يادرولۇق مۇھىم مەزمۇن ۋە نۇقتىلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى، ئاساسىي تەلىپى ۋە بىر يۈرۈش يېڭى بەلگىلىمە، يېڭى ئۇقۇم، يېڭى روھىنى ياخشى شەرھلەش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن - تۈزۈمى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش، دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇن - تۈزۈمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نەزەرىيە تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئالغا سىلجىتىپ ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈپ، تەكشۈرۈش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش، ئۇنى قوغداشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى قوللىنىپ خەلقنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش، زىددىيەت، ماجىرالارنى پەسەيتىش، تۈگىتىش، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش باش شۇجىنىڭ قىزغىن، دوستانە خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم. جۇڭگونىڭ لائوسقا بەرگەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ياردىمىنىڭ پائال رول ئوينىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ چوڭقۇر مەمنۇن بولدۇم. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەن جۇڭگو پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى، خەلقىگە ۋاكالىتەن لائوس تەرەپنىڭ يولداش باش شۇجى باشچىلىقىدىكى لائوس پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن. جۇڭگو تەرەپ لائوس تەرەپ بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ، جۇڭگو - لائوس ئىككى تەرەپ ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، بۇ مەيدان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى چوقۇم قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىمەن.

مەن جۇڭگو - لائوس ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، سىز بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ مۇھىم ئورتاق تونۇشىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو - لائوس تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەمدە ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بېنياڭ جۇڭگونىڭ لائوسنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇشىغا مەدەت بەرگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن، باش شۇجى شى جىنپىڭغا رەھمەت خېتى ئەۋەتكەنىدى. بېنياڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: لائوس تەرەپنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتى يولداش باش شۇجىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ تېزدىن ئەۋەتكەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تېببىي داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى لائوسقا كەلدى ھەم نۇرغۇن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ۋە قۇتقۇزۇش - داۋالاش دورىلىرى بىلەن تەمىنلەپ، لائوسنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. جۇڭگونىڭ لائوسنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى لائوس - جۇڭگو ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قويۇق دوستلۇق رىشتى ۋە قېرىنداشلارچە، يولداشلارچە ھەمكارلىشىش، ئۆز-ئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ، لائوس - جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى روھىنى جانلىق شەرھلەپ، لائوسنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشى، خەلقنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قوغدىشى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشتى.

مەن لائوس خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، لائوس ھۆكۈمىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىمدىن باش شۇجى شى جىنپىڭ، يولداش دۆلەت رەئىسىگە ھەم سىز ئارقىلىق لائوس پارتىيەسى، ھۆكۈمىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئۇزاقتىن بۇيان ئەھمىيەت بەرگەن، كۆڭۈل بۆلگەن ۋە مەدەت بەرگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە قېرىنداش جۇڭگو خەلقىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

قېرىنداش جۇڭگو خەلقىنىڭ يولداش باش شۇجى يادرولۇقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ۋە «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە يېڭى، تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن!

لائوس - جۇڭگو ئەنئەنىۋى دوستلۇقى، ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇپ كېلىۋاتقان لائوس - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ۋە لائوس - جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ تەرەققىي قىلىپ، چېچەكلەپ مېۋە بېرىپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ ئەمەلىي مەنپەئەت ئېلىپ كېلىشىگە تىلەكداشمەن!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دەۋر ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئەمەلىيەت ئاساسى سىڭدۈرۈلگەن، ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيە سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە، ئىستراتېگىيەلىككە، يېتەكچىلىككە ئىگە، ئۇ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، بىزنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشنى پىلانلىشىمىز ئۈچۈن تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلەيدۇ. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاڭلىق ھالدا شىنجاڭ خىزمىتىنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيەتتىكە، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە قويۇپ ئويلىشىپ، كۆلىمەت ئېڭىنى كۈچەيتىپ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ياخشى يېزىشىمىز كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مۇھىم، زور پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، خەۋپ - خەتەر، خىرىسلارنى مۇۋاپىق پەسەيتىپ تۈگىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سېلىش كېرەك. ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ۋاقىت، ۋەزىيەتكە قاراپ سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چېگرا پورتلىرى ۋە نۇقتىلىق سورۇن، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىغا قارىتا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىلمىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەشكە يېتەكلەپ، تاسادىپىي ئېغىر، زور ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ھەققىي ئۆستۈرۈش كېرەك. مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قوللاش سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، بازار سۇبيېكتىنى جانلاندۇرۇپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، يېپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، شەھەر - بازارلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مىقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. قەتئىي، كەسكىن تۈردە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچكە كاپالەتلىك قىلىش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ۋۇشىكا ئېيسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى قاتتىق تۇتۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش - يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. قىلچە بوشاشماي جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىش، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ھادىسىدىنمۇ، ماھىيەتتىنمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالاقىدار ئورۇنلاردىكى مەسئۇل يولداشلار كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

---




## چىڭگىل نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى «كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىش»نى ياخشى قىلدى

# خاتىرجەم ياشاش ھەم خۇشال - خۇرام ئىشلەش كۆنلىرى ئۈمدكە تولۇش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار مىرۋۇت چاقانباي، ليۇ ۋېنپىڭ

باش يازدا، چىڭگىل ناھىيەسىنىڭ نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نۇقتىسى بولغان ئاقدالا بازىرىغا بارغاندا، گىرەلەشتۈرۈپ رەتلىك سېلىنغان قاتار - قاتار يېڭى ئۆيلەر، تۈز، كەڭرى ياسالغان يوللار، بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان چىرايلار كۆزگە چېلىقىدۇ... پۈتۈن ناھىيەدىكى 852 ئائىلىلىك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە بۇ يەردە بەختلىك تۇرمۇشنى باشلىدى.

قانداق قىلغاندا نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى «كېيىنكى باسقۇچلۇق ئىش»نى ياخشى قىلغىلى بولىدۇ؟ خۇشال - خۇرام ئىشلىگەندىلا، ئاندىن خاتىرجەم ياشىغىلى بولىدۇ، چىڭگىل ناھىيەسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنىنى پائال ئېچىش، نامرات ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشىگە ئىلھام بېرىش - يۆلەش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، نامرات ئاممىنىڭ «كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇشى، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇشى، ئىشقا ئورۇنلاشالايدىغان بولۇشى، بېيىيالايدىغان بولۇشى»غا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەمميىنى تومپايتىش

«تاغقا چىقىپ چارلاش - قوغداش، قاشالارنى رېمونت قىلىش، سۇغىرىش، ئورمان ئاسراش، بۇ، مېنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىم. ھەر ئايدا مائاشىم بار، يىللىق كىرىمىم 10 نەچچە مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ياخشى سىياسىتىگە رەھمەت» دېدى مادىن تايىپاخا 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، بۇ بىرقانچە يىلدا تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئېلىپ ھاياجانلانغان ھالدا.

2014 - يىلى، مادىن ئائىلىسى كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. 2016 - يىلى، ئۇلار كېسەك ئۆيدىن نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش بويىچە ئاقدالا بازىرىغا كۆچۈرۈلدى. يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، مادىننىڭ يېڭى بىر سالاھىيىتى بار بولدى — ئۇ ئورمان مۇھاپىزەتچىسىگە ئايلاندى. خوتۇنى ھەر يىلى 3 - ئايدىن 11 - ئايغىچە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىقچىلىق رايونىدا ئىشلەيدۇ، قىشتىكى ئارسال ۋاقتىدا جىغان باغچىسىغا بېرىپ جىغان ئۈزۈپ، كۈنىگە 150 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىدۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئىشىكى ئالدىدىلا كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى تېپىپ، نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى.

كۆچۈرۈلگەن ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چىڭگىل ناھىيەسى «ئەمگەك كۈچلىرىنى سىرتقا چىقىرىش ئارقىلىق بىر تۈركۈمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېقىن ئەتراپتا بىر تۈركۈمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق ئىش ئورۇنلىرىغا بىر تۈركۈمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش» قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەربىر ئائىلىدە بىردىن ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەرنى «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇش تامقى» يېپىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

### ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ بېلىنى رۇسلاش

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، نۇرساخام تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدا، دۇكان ئىگىسى نۇرساخام قاربېك مال سېتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

نۇرساخام ئائىلىسى ئىلگىرى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم پۇلىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. 2019 - يىلى، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئاغاش ئۇۋا يېزىسى ئاقچار كەنتىدىن ئاقدالا بازىرىغا كۆچۈپ كېلىپ، 83 كۋادرات مېتىرلىق يېڭى ئۆيدە ئولتۇردى. ھۆكۈمەتنىڭ ئىلھام بېرىشى ۋە قوللىشىدا، ئۇ كىچىك دۇكان ئاچتى، ھازىر ھەر كۈنى خېلى كۆپ كىرىم قىلىپ، كۈنلىرىنى ئالدىراش ھەم بەختلىك ئۆتكۈزمەكتە.

يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، چىڭگىل ناھىيەسى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىپ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ، ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسىنى ئىگىلەپ، ئەمگەك كۈچى بايلىقى ئامبىرى قۇرۇپ، ئىگىلىك تىكلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە يېتىشتۈرۈش بازىسىدىن پايدىلىنىپ، نامرات ئاھالىلەرنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، خاس قول ھۈنەر ياسىمچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۇكان، دېھقانلار ئارامگاھى قاتارلىقلارنى ئېچىشقا ئىلھاملاندۇردى، ھازىر 3 - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىگىلىك تىكلىگۈچىدىن 107سى، يېزىلارنى يۆلەش ئېلېكترونلۇق سودا ئورنىدىن بىرى، كەشتىچىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن ئىككىسى بار بولدى.

### مەركەزلىك باقمىچىلىق ئارقىلىق ياخشى كۈن كەچۈرۈش

ئاقدالا بازىرىدىكى يېتەرلىك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئورنى يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىرگەن دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەممىينى تومپايتتى. بىر قىسىم دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ سىرتقا ئىشلەمچىلىك قىلىشقا چىقىپ كېتىشى ئائىلىلەردە چارۋىلارنى باقىدىغان ئادەم يوق بولۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ ئەھۋالدىن بەزىلەر سودا پۇرسىتىنى كۆردى، بېكجاغىس شارىپ مۇشۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

2019 - يىلى، بېكجاغىس ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇلغا يەم - خەشەك سېتىۋېلىپ، ھەربىر كالا ئۈچۈن يىلىغا 750 يۈەندىن بېقىش ھەققى ئېلىپ، ئەتراپتىكى بەش دېھقان - چارۋىچى ئائىلىسىنىڭ 66 تۇياق كالىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ، باقمىچىلىق رايونىدىكى سۈت كالىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچىسى بولدى.

«ھۆكۈمەت بىزگە باقمىچىلىق قوتىنى سېلىپ بەردى، يەنە ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېجىرىپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن چارۋىلارنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش تەننەرخى خېلىلا تۆۋەنلىدى، يېڭى سۈت سېتىۋېلىش پونكىتى يەنە سۈتنىڭ سېتىلىش يولى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، بىز ھازىر بارغانسېرى غەيرەتكە كەلدۇق» يېڭى مۇھىت، يېڭى تۇرمۇشنى تىلغا ئالغاندا، بېكجاغىسنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋىلەندى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئاقدالا بازىرى 36 قوتان بار بولغان نامراتلارنى يۆلەش باقمىچىلىق رايونى قۇرۇپ، «كارخانا + بازا + دېھقان ئائىلىسى» باقمىچىلىق ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، رۇيچىڭيۈەن يېمەكلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنى كىرگۈزۈپ سۈت ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى قۇردى، ھازىر سۈت سېتىۋېلىش پونكىتىدىن سەككىزى قۇرۇلۇپ، نەسىللىك كالا بېقىش، سۈت سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، سېتىش كەسىپ زەنجىرى شەكىللىنىپ، دېھقانچىلىق رايونى چارۋىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

ھازىرغىچە، 1344 كۆچۈرۈلگەن دېھقان - چارۋىچى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتى، بىر قاتار ئېتىبار سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئارقىلىق، كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەر بەختلىك تۇرمۇشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى.